# 6540 - زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلگەن قېرىنداشىمغا قانداق مۇئامىلە قىلىمەن؟

## سوئال

قېرىنداشىم زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەزكۇر قىلمىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئۇ نەسىھەتىمگە قۇلاق سالمىدى ۋە يەنە داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟، بۇ ھەقتە مەسلىھەت بەرگەن بولساڭلار.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

1-ھەقىقەتەن سىزنىڭ قېرىنداشىڭىز چوڭ بىر بالا-مۇسىبەتكە مۇپتىلا بولۇپتۇ، ئاللاھ تائالادىن سىلەرنىڭ بۇ مۇسىبەتتىن قۇتۇلۇشۇڭلارغا ياردەم بېرىشىنى سورايمىز.

2-سىز قېرىنداشىڭىزغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ، چۈنكى ئۇمۇ باشقا بىمارلاردەك يەنى قەلبىدە ياكى بەدىنىدە كېسەللىك بولغان كىشىلەردەك ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئېھتىياجلىقتۇر.

3-ئۇنى زەھەرلىك چېكىملىكتىن چەكلەش ئۈچۈن مۇمكىن بولىدىغان بارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىش لازىم. شۇنداقلا زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدىغان ياكى بۇزۇقچىلىق ئىشلارغا قىزىقتۇرىدىغان ئەخلاقسىز ھەمراھلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن چەكلەش كېرەك.

4-ھەرقانداق ھالەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ ناچار قىلمىشىدىن تولۇق يانمىغىچە ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا توغرا بولمايدۇ.

5-زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلەنگەنلەرنى داۋالايدىغان مەخسۇس دوختۇرلارغا تەكشۈرتۈپ،ئۇنى چېكىملىكتىن توسىدىغان ۋە تەل-تۆكۈس تەرك قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان مۇۋاپىق دورا-ئىلاجلارنى قوللىنىش لازىم.

6-ئۇنىڭ كىچىك بالا-چاقىلىرى ياكى بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى بولسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاندا ئۇلارنىڭ مەزكۇر قىلمىشنى ئىنكار قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا-چاقىلىرى ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلىپ بۇ قىلمىشىدىن قول ئۈزۈشى مۇمكىن.

7-ئۇ زەھەرلىك چېكىملىك سەۋەبىدىن مەس بولۇپ ياكى ئەقلىنى يوقۇتۇپ قويغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆپ كىشلەرنىڭ كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش كېرەك. ئۇ ئەقلى-ھۇشى جايىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىنى بىلىپ بۇ قىلمىشتىن قول ئۈزۈشى مۇمكىن.

8- ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشى ئۈچۈن سەمىملىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن غاپىل قالماسلىقىڭلار كېرەك. بولۇپمۇ كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە دۇئا قىلىشقا تىرىشىڭلار. ئاللاھ تائالا چوقۇم سىلەرنىڭ قېيىنچىلىقىڭلارنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭغا ھىدايەت ۋە سىلەرگە سەۋىرچانلىق تىلەيمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.